# ئانا

ئېلكىتاپ ئىشلىگۈچى: ئابرال

2008-يىلى 1-ئاينىڭ 20-كۈنى

http://ilkitap.blogbus.com

**ئىلكتاپ ئىشلىگۈچىدىن**

سىز توردىن چۈشۈرۈپ كۆرىۋاتقان ئانىلىرىمىزغا بېغىشلانغان بۇ شئىرلار توپلىمىدىكى شئىرلارنىڭ بەزىلىرىنى توردىن كۆچۈرىۋالغان، بەزىلىرىنى نەشرىدىن چىققان كىتاپ- ژورناللاردىن رەتلەپ كىرگۈزگەن. تورداشلارنىڭ ياقتۇرۇپ كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ شئىرلارنىڭ كىلىش مەنبەسى ئېنتېرنېت بولۇپ، ئەسەر ھوقۇقى ئەسلى ئاپتۇرغا مەنسۇپ.بۇكىتاپ پەقەتلا شەخسىنىڭ قىزىقىشى بويىچە ياسىلىپ، پەقەتلا ھەۋەسكارلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن يوللاندى. ئەگەر سىز ئاپتۇرلۇق ھوقۇقۇمغا دەخلى قىلدىڭىز دەپ قارىسىڭىز ماڭا ئېلخەت ياكى ئۈچۈر ئەۋەتىڭ. مەن سىزنىڭ شئىرىڭىزنى دەرھال چىقىرىۋېتىمەن.

مېنىڭ ئېلخەت ئادرىسىم: abral@live.com ياكى abral@live.cnۋە ياكى بىۋاستە ئابرال ئېلكتاپ تارقىتىش بلوگىدا سۆز قالدۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ. مېنىڭ بلوگ ئادرىسىم :

http://ilkitap.blogbus.com

ھۆرمەت بىلەن : ئابرال (بىلىك – ئىنتىل )

2008-يىلى 6-ئاينىڭ 18- كۈنى قايتا تۈزىتىلدى

# مۇندەرىجە

ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك .......... 4
ئانا .......... 23
ئانا .......... 49
ئانا .......... 55
ئامان بولسۇن .......... 58

# ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك

ئابدىرېھىم ئۆتكۈر

<<تۈلكە ئۆز ئىنىغا ئۈرسە ، قوتۇر بولۇر .>>
ـ قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق ماقالى
(مەھمۇت قەشقىرى :<< دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك>>تىن )

## مۇقەددىمە

بىر زامانلاردا مەنمۇ سىزدەك ياش ئىدىم ،
ياشلىقىم غۇرۇردىن بەڭۋاش ئىدىم .
گاھ يۈگەنسىز شوخ ـ ئاساۋ بىر تاي كەبى ،
گاھ بۇلۇتلار ئىچرە ئۈزگەن ئاي كەبى .
تەلپۈنەتتىم ھەرنەپەس مۇشتاق بولۇپ ،
ئارزۇ دەرياسىغا قانماق بولۇپ .
بىر زامان تەكلىماكانغا ئىشتىياق ـ
قوزغىلىپ ، قويدۇم ئاتقا دادىل ئاياق .
تەلىيىمگە ھەمراھىممۇ بار ئىدى ـ
كى ، خوتەن كارۋانلىرى تەييار ئىدى .
قالدۇرۇپ چۆللەردە ئىز ماڭدۇق ئۇزاق ،
گاھى ئاتلىق ، گاھ ئېشەكلىك، گاھ ياياق .
بىزگە يول باشلار ئىدى ھېچ تىنىمەي ،
كۆپنى كۆرگەن ،كۆپنى بىلگەن بىر بوۋاي .
ئاخشىمى سۆكسۆك قالاپ ، گۈلخان يېقىپ ،

سوزۇلۇپ ئارام ئىلىپ چۆلدە يېتىپ ،
گاھ ھېكايەت ئاڭلىشاتتۇق ، گاھ راۋاب ،
ئۇچرىسا چۆلدە كىيىك يەيتتۇق كاۋاپ ...

بىر كۈنى چۈشكۈن قىلىپ قونغاندا بىز ،
بەك قىزىق بىر چۆچەكنى ئېيتتى بوۋىمىز .
بەلكى بۇ چۆچەكنى سىزمۇ ئاڭلىغان ،
ياكى بىر مەلۇم كىتابتىن ئوقۇغان .
كونىراپ قالماس لېكىن ھەق گەپ پەقەت ،
گەرچە تەكرار بولسىمۇ بىر نەچچە رەت ،
چۈنكى كۆپ سۈرتكەنسېرى ئەينەكنى بىز
شۇنچە روشەن بولغۇسى ئۆز ئەكسىمىز .
يەنە ھەر گۈلنىڭ پۇراقى ئۆزگىدۇر ،
گۈل خۇمارلار دىماغى ھەم ئۆزگىدۇر .
شۇڭا ، ئۇ چۆچەك مېنىڭدە كەتمىگەي ،
ئاڭلىغاننى باشقىلارمۇ ئاڭلىغاي —
دەپ بۇگۈن تۈزدۇم بايانىغا قوشاق ،
بولسىمۇ نۇقسىنى گەرچە بىر قۇچاق .

1

بار ئىكەن تەكلىماكاندا بىر شەھەر ،
بۇ شەھەرنى دەر ئىكەن شەھرى قەمەر.
تا قەدىم <<يىپەك يولى >> دا كۈن ۋە تۈن
شەرق بىلەن مەغرىپ ئارا بولغاچ تۈگۈن .

http://ilkitap.blogbus.com

پۈركېتىپ داڭقى جاھانغا دەمۇ دەم ،
بولۇپتۇ ئەلنىڭ نەزىرىدە مۆھتەرەم .
ھەيۋىتى ھەم قەسرىدەك كاشانىسى
شۇ زامان بازارنىڭ يېگانىسى .
كوچىلارغا سايىۋەن چىنارلىرى ،
بويلىشىپ بۇلۇت بىلەن مۇنارلىرى ،
چېلىنار كۈن ئالدىدا بوم قوڭغۇراق ،
تارقىلار ئارچا ئىسىدىن خۇشپۇراق .

چۆرىسى خۇددى ئۈنىڭ باغى ئېرەم ،
باغ ئارا رەيھان پۇرايدۇ سۈبھى دەم .
تاغلىرىدا قاشتېشى ھەم كەھرىۋا ،
سۈپسۈزۈك مەرمەر بىلەن ياقۇت تولا .
سۇلىرى ئاندىن شىپالىق ، جىلۋىگەر ،
زەر چاچار ھەر مەۋجىدە شامۇ سەھەر .
ئوتلىشار بۇغا – مارال پادا – پادا ،
قۇشلىرى پەرۋاز قىلار كەڭ دالادا .
خەلقى كۆپ مەشھۇر ئىكەن ھۈنەر بىلەن ،
قىز جۇۋانلار بەسلىشەر ئەرلەر بىلەن .
شايى – ئەتلەس ، زىلچىسىدىن دەمۇ دەم
رەشك بىلەن ھەيران ئىكەن ھىندۇ ،ئەجەم
شاھىمۇ ئۆز تەختىدە مەسرۇر ئىكەن ،
ئامىتى ، ئىقبالىدىن مەغرۇر ئىكەن .
ئۆزىمۇ تاۋغاچقا تەۋە شاھ ئىكەن ،
بولسا تاۋغاچ بىر دەرەخ ، ئۇ شاخ ئىكەن.
ھەممىدىن تاۋغاچ خانىغا كۆيئوغۇل –

بولغىنى ئۆچۈن ، سۇ ئىچىپ ئاندىن كۆڭۈل ،
ئۆتكۈزەركەن ئۆمرىنى بىدەرت بىغەم
لىك تولا قىنايدىكەن بىرلا ئەلەم .
چۈنكى بىر ئوغۇل يۈزىنى كۆرمەي ھۆنۈر ،
باشلىنىپ قاپتۇ ئۆمۈر باغىدا كۈز .
ئاھ چېكىپ ، ھەسرەت چېكىپ ، ئەپغان بىلەن ،
ئۆزتىپ يىللارنى شۇ ئارمان بىلەن ،
ئاخىرى يالغۇز قىزىنى پادىشاھ —
تەختىنىڭ ۋارىسى دەپ قىپتۇ جاكار .
شاھ قىزى ھۆسنى جامالدا ھۆر ئىكەن ،
بەلكى كۆپ ئەللەر ئارا مەشھۇر ئىكەن .
بىر كۆرۈپ قالغان كىشى بوپتۇ ئادا ،
ئىككى كۆرسە قىلغۇسى جاننى پىدا .
كۆن بىلەن ئاي تەڭلا چىققاندەك شۇدەم،
ھۆسنىگە ئەمدى قوشۇلغاچ تاجى ھەم .
بىر بىرىدىن قىزغىنىپ بەگزادىلەر ،
ئەڭ يىراق ئەللەردىكى شاھزادىلەر —
ئەلچىسى بىرلە تولۇپ كەتكەچ شەھەر ،
پادىشاھقا ھەم يېتىپتۇ بۇ خەۋەر .
قارىسا بىر - بىرىدىن ئالىي مۇقام،
ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق گەپنى تامام ؟
ئاخىرى قىزىغا بېرىپ ئەركىنى شاھ ،
قىپتۇ خىلۋەتخانىنى باشقا پاناھ .
رازىلىق بىلدۈرمىگەچكە قىز بىراق ،
تارقىلىپتۇ بەزى بەگلەر ھەر قاياق .
بەزىلەر ئاڭلاپ بۇ قىز جاۋابىنى

باشلىشىپتۇ ئۆچ ـ ئاداۋەت بابىنى .
بەزىلەر ئۆزمەي ئۈمىد قىپتۇ داۋام ،
شاھ قىزىغا ھەر كۈنى يوللاپ سالام .
شۇ يوسۇن بىر نەچچە ۋاق ئۆتكەن ئىمىش ،
ئاقىۋەتتە يۈز بېرىپتۇ غەيرىي ئىش .

2

شۇ شەھەرنىڭ چېتىدە بىر تۈل ئايال ـ
كۈن كۆرەركەن ئوغلى بىرلە قەدرى ـ ھال .
ئوغلى بىر پالۋان يىگىت بوپتۇ ئۆسۈپ،
ئەل ئىچىدە ئاتىسىغا ئىز بېسىپ .
گاھىدا يەر باغرىنى تىلغايدىكەن ،
گاھىدا چۆلدە كىيىك ئوۋلايدىكەن .
بىر كۈنى قاچقان كىيىككە دۈچ كېلىپ ،
يىقىتىپ تۇرغان ئىكەن ئوقيا ئېتىپ ،
دەل شۇ چاغدا چۆل تەرەپتىن بىر پەرى ،
بىر پەرىكىم ، بارچە گۈللەر دىلبىرى ،
قولدا ئوقيا ، بەلدە خەنجەر پارقىراق ،
ئاستىدا چىلان تورۇق شوخ ئارغىماق ،
قوغلىشىپ كەپتۇ كىيىكنى بىتۇيۇق ،
بۇ يىگىتنىڭ ئاتقىنىدىن خەۋىرى يوق ،
ئۇ پەرى بىلگەچ كېلىپ ئىشنىڭ سىرىن ،
ئاتقۇچىغا دەپتۇ دەرھال ئاپىرىن .
ئۇ يىگىت ، ئاتلىق پەرىگە بىر قاراپ ،
تېڭىرقاپ قاپتۇ گوياكى كۆز قاماپ ،

"نېمە بۇ ، ئادەممۇ ياكى ئۆزگە سىر ؟
ياكى كۈندۈز ئۇچرىغان شۇنقەدىر ؟
ئادىمى بولسا ئەگەرچە ، ئېھتىمال ،
شاھ قىزىدۇر "دەپ يىگىت قىپتۇ خىيال .
شۇ مەھەلدە ئارقىسىدىن ئات قويۇپ ،
بىپايان چۆللەر ئارا چاڭ توزدۇرۇپ ،
يېتىشىپ كەپتۇ يەنە بىر توپ پەرى ،
خۇددى باغنىڭ گۈللىرى ئىكەن ھەر بىرى .
ھەممىسى ئاتتىن چۈشۈپ نىزان بىلەن ،
شاھ قىزىغا باش ئېگىپ ئىكرام بىلەن ،
قوشتۇرۇپ قول تۇرغۇدەك قاتار - قاتار ،
بويلىرى گويا يېڭى ئۆسكەن چىنار .
دەل شۇ چاغ ئۆلگەن كىيىكنىڭ جورىسى -
كۆرۈنۈپ قاپتۇ يىراقتىن قارىسى .
شاھ قىزى ھەم كېنىزەكلەر شادىمان ،
ئات قويۇپتۇ تۇشمۇتۇشتىن شۇ تامان .

ئەلقىسسە ، شۇ بايىقى مەرگەن يىگىت ،
ئەمدىلەتىن ھوشىغا كەلگەن يىگىت
باشقىچە ھالغا چۈشۈپ ناگىھان ،
خۇددى ئەمدى قالمىغاندەك تەندە جان .
بىر تۇرۇپ ئاھ دەيدىكەن ملك تولغۇنۇپ ،
بىر تۇرۇپ پاھ دەيدىكەن باغرى كۆيۈپ ،
ئۆزىمۇ بىلمەيدىكەن نېمە بولغىنىن ،
نېمە دەرد ، نېمە بالاغا قالغىنىن .
بىرلا دەرد قىينايدىكەن بارغانسېرى ،

شاھ قىزىنىڭ سۈرىتى كەتمەي نېرى .
ئۆرۈلۈپمۇ شۇ خىيال ، شۇ ۋەسۋەسە ،
چۆرۈلۈپمۇ شۇ خىيال ، شۇ تەلۋەسە .
شۇ ئىكەن جاننى قىسىپ ئىسكەنجىدەك
ھەم غىدىقلاپ قىينىغان تىلسىز تىلەك .
قىسقىسى مەرگەن يىگىت شۇندىن بۇيان –
مۈپتىلالىق ئوقىغا بوپتۇ نىشان ،
نە شىكار ، ئېتىز ئىشى ، نە كالىسى
يادىغا كەلمەيدىكەن نە ئانىسى .
كۈنبويى ئاھ دەپ يۈرۈپ ، ۋاھ دەپ يۈرۈپ ،
تۈن بويى پەرياد بىلەن پاھ دەپ يۈرۈپ ،
سارغىيىپ چىرايىمۇ بوپتۇ سامان .
راست ئەمەسمۇ" ھەممىدىن كۆيۈك يامان "،

3

نە تېۋىپ ، نە پېرىخون ، نە بىر دۇئا –
بولمىغاچ بۇ غەلىتە دەردكە داۋا،
ئانىسى ملىك يالۋۇرۇپ ، مىڭبىر سوراپ ،
ئاڭلىماققا بوپتۇ ئوغۇلدىن بىر جاۋاب ،
ئاخىرى يىغلاپ ئوغۇلمۇ زارۇزار،
قىپتۇ سىرنى ئانىسىغا ئاشكار.

ئانىسى كۆز ياش تۆكۈپ تارام – تارام ،
دەپتۇ :" جان باغرىم ، جىگەر پارەم بالام ،
شۇنچە دەردكە قالغىنىڭغا مەن سەۋەب ،

چۈنكى سەندىن سورىمىدىم ھالىڭ نە دەپ .
نە قىلايكى ، تۈل خوتۇن بىچارىمەن،
كاج پەلەك رەپتارىدىن ئاۋارىمەن .
ھەر يىلى بەك قىسقا كەلدى قولىمىز ،
ھېچ ئېچىلماي ياخشى ئىشقا يولىمىز .
گەر ھايات بولسا داداڭ ئۇ رەھمىتى
( چوڭ ئىدى ھەر ئىشتا ھىممەت غەيرىتى ).
ھالىمىز بولماس ئىدى مۇنچە يامان .
ھەم سېنى ئۆيلەر ئىدۇق ئاللىقاچان .
ھېلىمۇ بولساق ئامان ، بۇ كۈز چوقۇم ،
سادىغاڭ بولسۇن بالام بارۇ يوقۇم .
شەھىرىمىزدە قىز تولا گۈل غۇنچىدەك ،
تېگى – تەكتى پاكىزە ھەم ئۇنچىدەك .
ئەتىلا ئۇمىد بىلەن ئۆيدىن چىقاي ،
تەلىيىڭنى بىر سىناپ كۆرۈپ باقاي .
شاھ قىزىنى ئويلىما ئوغلۇم لېكىن ،
ئايىنى ئالماقتىنمۇ بۇ بىرزگە قىيىن .
ھەر كىشىنىڭ ئۆز خىلى ، ئۆز جورى بار ،
كونا تۆگمەن چېغىدا ئۆز نورى بار .
شاھ قىزى بولماس ساڭا ھەرگىز قاياش .
تاڭسىمۇ تۇرماس ياغاچقا چۈنكى تاش ."

شۇ يۇسۇن قىلىسا نەسىھەتلەر ئانا ،
ھېچ پىسەنت بولماپتۇمىش لېكىن ئاڭا .
ئەكسىچە ، ئەزۋەلىشىپ بارغانسېرى ،
يەر قۇچاقلاپ ، باش كۆتۈرمەي ، ئاخىرى –

دەپتۇكى :" گەر شاھ قىزى بولماس نېسىپ ،
ئۇشبۇ دەردتە ئۆلسەم ئەمدى نە ئەجەپ ،
ياخشىسى مەندىن رىزا بولغىن ئانا ،
قىسمىتىم شۇ بولسا ئەمدى ، ئەلۋىدا !"
ئاقىۋەت بىچارە مەزلۇم باغرى خۇن ،
شۇ نادان ، تەرسا ئوغۇلنىڭ كۆڭلىچۈن ،
تا ئۆلۈمگە ھەم تەۋەككۇل ئەيلىبان ،
ئوردىغا دادىل قەدەم بوپتۇ راۋان .

4

ئەلقىسسە ، ئۈچ كۈن ئۆدا ئوردا ئالدىنى -
سۈپۈرۈپ قىلغاندا ئىزھار دادىنى .
شاھقا يەتكەچ بۇ خەۋەر ، قىپتۇ قوبۇل ،
بولسىمۇ بۇ ئەلچىدىن كۆڭلى مەلۇل .
مەيلى دەپ ئۇ شاھمۇ بۇزماي ۋەدىسىن ،
چىللىتىپتۇ ئالدىغا مەلىكىسىن .
شاھ قىزى ھەيران بولۇپ قىپتۇ سوئال :
" كىم تەرەپتىن كەلدىڭىز ، بۇ نېمە ھال ؟"
شۇندا ئۇ بىچارە مەزلۇم ناتىۋان ،
شاھ قىزىغا ھەممىنى قىپتۇ بايان .
شاھ قىزى مەرگەن يىگىتنى ئەسلىگەچ ،
قەھقەھە بىرلە كۈلۈپ مەسخىرىلىگەچ .
دەپتۇ كىم : شۇ ئوغلىڭىز كەلسۇن كۆرەي ،
ھەم جاۋابىنى ئۆزىگە روشەن بىرەي .

ئوردىدىن قايتقاچ ئانا مىلىك غەم بىلەن ،
نەملىشىپ كىرپىكلىرى شەبنەم بىلەن .
شاھ قىزنىڭ گەپلىرىن قىپتۇ بايان،
ھەم ھاقارەت قىلغىنىن تۇتماي نىھان .
شۇندىمۇ گەپكە پىسەنت قىلماي يىگىت ،
ئانىنىڭ كۆز يېشىغا باقماي ، ئىسسىت ،
خۇددى مەست پىلدەك چىقىپ ئۆيدىن گاراڭ ،
ئوردىغا ئۈمىد بىلەن بوپتۇ راۋان .

شاھ قىزى كۆرگەچ يىگىتنىڭ ھالىنى ،
ھېچ تاپالماي قايتۇرۇش ئامالىنى ،
ئويلىنىپ بىردەم ، ئاڭا دەپتۇ كېيىن :
" تويلۇقۇمغا كۈچىڭىز يەتمەسمىكىن ؟"
" قېنى ، ـ دەپتۇ ئۇ يىگىت ، ـ ئاڭلاپ كۆرەي ،
گەر كېرەك بولسا بۇ جاننى ھەم بېرەي ."
" ياخشىسى ،ـ دەپتۇ ئۇ قىز ، ـ سىز سورىماڭ،
مەنمۇ ئېيتماي ، جېنىڭىزنى قىينىماڭ .
سىز ئەمەس ، مەنمەن دىگەن بەگ چېغىدا ،
ئاڭلىسا ، قالغاي پۇشايمان دېغىدا ."
" مەيلى ، ـ دەپتۇ ئۇ يەنە ، ـ ئاڭلاپ كۆرەي ،
نېمە بولسا ھەم ئۆزۈمنىڭ شورى دەي ."
شاھ قىزى دەپتۇ ئاخىر :" ئۆز مەيلىڭىز ،
خۇن تۆلەشكە بولسا شۇنچە رايىڭىز .
ئانىڭىزنى ئۆلتۈرۈپ ھازىرغىنا ،
يۈرىكىنى ئەپكىلىڭ ئىسسىققىنا .
تويلۇقۇم شۇلدۇر مىنىڭ ، بۇ سۆز تامام ،

پائىلاتۇن ، پائىلاتۇن ، ۋەسسالام !"

5

ئوردىدىن قايتقاچ ئوغۇل ھالى خاراب ،
"نېمە گەپ ؟" دەپتۇ ئانا ئەھۋال سوراپ .
ئوغلى دەپتۇ : جان ئانا كۆپ قىينىماڭ ،
تويلۇقى ئېغىر ئىكەن، گەپ سورىماڭ .
" قېنى ئېيت، ئاڭلاپ باقاي ،- دەپتۇ ئانا
-مۈشكۈلۈڭنى ھەل قىلار قادىر خۇدا ."

شۇندا ئۇ تەرسا يىگىت كۆپ ئويلىماي ،
ھەممىنى ئېيتقان ئىمىش گەپ ئايىماي ...
" جان بالام غەم يېمىگىن ، - دەپتۇ ئانا ، -
سەن ئۈچۈن ھەممە نېمەم تەييار مانا .
گەر مۇرادىڭ مەن بىلەن ھەل بولسا ، تا -
بۇ مېنىڭ ئىسسىق جېنىم بولسۇن پىدا .
بىر ئەمەس ، مىڭ بىر يۈرەك بولسا بېرەي ،
ئال بالام ، تەسەددۇقۇڭ مەن بولاي !"

شۇندا بارچە يەر – جاھان ، بارچە ھايات ،
تاكى ئۇ چەكسىز سامادا كائىنات .
نېمى قىلاركىن بۇ يىگىت ئەمدى دىيان ،
كۈتكىنىدە ئاقىۋەتنى ، ناگىھان .
ئەقلىدىن ئازغان يىگىت قولدا پىچاق –
ئانىنىڭ ئالدىغا تىز كەپتۇ... بىراق ،

شۇ زامان بوران چىقىپ ، يەر سىلكىنىپ ،
كۆكتە گۈلدۈر ھەمدە چاقماق چېقىلىپ ،
ياغسىمۇ دەھشەتتە يامغۇر كەينىدىن ،
شۇندا ھەم يانماي ئۇ قاتىل پەيلىدىن ،
ئاخىرى قانلىق يۈرەكنى سۇغۇرۇپ ،
ئوردىغا ئوقتەك ئۇچۇپتۇ يۈگۈرۈپ ...
دۈم چۈشۈپتۇ پۈتلىشىپ يولدا بىراق
ھەم يۈرەك ئىرغىپ چۈشۈپتۇ نېرىراق .
شۇندا چوغدەك قىزىرىپ ھەم نۇر چېچىپ ،
پارقىراپ تۇرغان يۈرەك ئېغىز ئېچىپ ،
دەپتۇ :" جان باغرىم ، جېنىم ، ئالتۇن قوزام ،
بىر يېرىڭ ئاغرىدىمۇ جېنىم بالام ؟"
بۇ يۈرەكتىن ئۇرغۇغان ئۇشبۇ سادا ــ
دىن شۇئان تەسىرلىنىپ ھەتتا خۇدا ،
ئانىلىق مېھرى ئۇچۇن رەھمەت قىلىپ ،
شۇم ئەجەلنىڭ نۆۋەتىن ھەم رەت قىلىپ ،
ئورنىغا سالغاچ يۈرەكنى قايتىدىن ،
ئانا ھەم دەرھال تۇرۇپتۇ جايىدىن .
يوق ئىمىش ئوغلى قېشىدا قارىسا ،
ھېچ كىشى بىلمەس ئىمىش ھەم سورىسا .
شۇڭا كۆپ ئىزدەپ ئۇنى سەرسان بولۇپ ،
شۇ جۇدالىق دەردىدە ۋەيران بولۇپ ،
ئاخىرى ھالىدىن كېتىپ قالغان كېزى ،
قايتىدىن ئىش باشلاپتۇ ئاسمان گۈمبىزى .



http://ilkitap.blogbus.com

بايىقى قاتىل چۆچۈپ ھەق قەھرىدىن ،
باشقا بىر ئەلگە كېتىپتۇ شەھرىدىن .
ئۇندىمۇ بىر پادىشاھلىق بار ئىكەن ،
ئەل ئۇنى تاغلار دىيارى دەيدىكەن .
ئۇ شۇ يۇرتتا بىر مۇساپىر ھالىدا ،
كۈن كۆرۈپتۇ نەچچە كۈنلەر خالىدا .
بىر كۈنى مىرشەپ تېپىپ ئۇندىن خەۋەر ،
تۇتقىلى نۆكەر بىلەن كەپتۇ سەھەر .
شۇندا ئۇ بىر نەچچىسىنى تاش بىلەن ،
بەزىسىنى مۇشت ۋە پەشۋا ، باش بىلەن
يىقىتىپ ، قىلغاچ تامام زىرۇ زەۋەر ،
پادىشاھقا ھەم يېتىپتۇ بۇ خەۋەر .
بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ھەم نۇقۇل ،
ھېلىقى مەلىكىگە باغلاپ كۆڭۈل ،
ھەر قېتىم يانغاچ جاۋابسىز ئەلچىلەر ،
ئۇخلىماي ھەتتا ئۇ ئەمدى كېچىلەر ،
گاھى پۇل ، گاھى زۇلۇم قىلماق بىلەن
بەند ئىكەن بىر چوڭ قوشۇن يىغماق بىلەن .
بايىقى تەرسا يىگىت پالۋانلىقى
خۇددى شۇ كۈنلەرگە دەل كەلگەن چېغى ؛
شۇ سەۋەبتىن پادىشاھمۇ شۇ كۈنى
" بىر كۆرەي " دەپ ، تۇتقۇزۇپ كەپتۇ ئۇنى ،
قارىسا ، بەستى يوغان بولغان بىلەن ،
گەپ – سۆزىدىن تولىمۇ نادان ئىكەن .
شۇندىقى لازىم ئىدى دەپ خۇش بولۇپ ،

كۆڭلىگە پۈككەن ئۈمىدى قوش بولۇپ .
دەپتۇكىم :" قىلساڭ ئەگەر خىزمەت ماڭا ،
كۈلگۈسى دۆلەت گۈلى جەزمەن ساڭا ،
چۈنكى ئۇ شەھرى قەمەر قىلدى نىزا ،
بەرمىكىم لازىم بولۇپ قالدى جازا .
شۇندا مەن دارغا ئېسىپ پاشاسىنى ،
يەتكۈزەي مەلىكىگە جەزمەن سېنى .
شەرت شۇكى ، پالۋانلىقىڭنى ئايىما ،
ئۆز دىيارىم دەپ ئاڭا يۈز قارىما !"

شۇندا ئۇ ئەقلى بۇزۇق ئازغىن نادان ،
نە نادانكىم ، لەنتى تۇزكور قاۋان ،
باغلىبان دۈشمەنگە خىزمەت كەمىرىدىن ،
نەچچە ۋاغ تەلىم ئېلىپ جەڭ ھۈنىرىن ،
بىر كۈنى باشلاپتۇ ياۋ لەشكىرىنى ،
قانغا غەرق قىلماق ئۈچۈن ئۆز شەھرىنى .

ياۋ تەرەپ پاشاسىمۇ دەل شۇ كۈنى
قىچقىرىپ خاس مەھرىمىدىن بىرسىنى ،
دەپتۇكى :" بىزگە زەپەر كۈلگەن ھامان ،
قويما بۇ ئەبلەخنى ھەرگىز تىنچ ـ ئامان .
ئارقىسىدىن ئوق ئېتىپ جايلا ئۇنى ،
تۈيمىسۇن ھەم چىقمىسۇن ھەرگىز ئۈنى .
چۈنكى ئۇ ئۆز ئېلىگە سالدى جاپا ،
ئەمدى قانداق كۈتكۈلۈك ئۇندىن ۋاپا !"

ئەلقىسسە ، ئۇ ياۋنى باشلاپ كىرگەن شۇ كۈن ،
قوزغىلىپ چۆللەر ئارا دەھشەت قۇيۇن ،
سىلكىنىپ يەرۇ زېمىن ، تىترەپتۇ تاغ ،
دومىلاپ تاشلار چۈشەرمىش ھەر قاياق .
ئۆرۈلۈپ قىرغاقتا دەريا تاشقۇدەك ،
ۋادىدا جەرەن – كىيىكلەر قاچقۇدەك ،
ئۆركۈشۈپ بارچە ئۇچار قۇشلارمۇ تەڭ ،
تىنچ ياتالماي قاپتۇ ھەتتا شەپەرەڭ .
شۇندا بىر بۆرە ئېگىز دۆڭدە تۇرۇپ ،
دەر ئىمىش ھۇۋلاپ ئاڭا لەنەت ئوقۇپ :
"ئەي رەزىل ئەبلەخ ، سېنىڭ ھالىڭغا ۋاي ،
ئادىمدىن سەندىكى ھېچ چىقمىغاي .
مەن چېغىمدا ئۆكۈرۈم – ئىنىم سايان
باشلىمايمەن دۈشمىنىمنى ھېچقاچان .
گەرچە قان ئىچمەي تاپالماسمەن ئارام ،
ئۆز قېرىنداشىم قېنى مۇتلەق ھارام .
شۇمدى سەندە ئادەملىك خىسلىتى ؟
ياغسۇن ئەمدى مەڭگۈلۈك ھەقنىڭ لەنىتى !"

7

شۇ يوسۇندا تا يەتكۈچە ياۋدىن خەتەر ،
ئۇيقۇ ئىچرە غەرق ئىكەن شەھرى قەمەر .
سەلتەنەت تەختىدە شاھ غەپلەت بىلەن ،
مەست ئىكەن ھەر كۈنلۈكى ئىشرەت بىلەن .
بولسىمۇ مەلۇم قوشۇن – لەشكەرلىرى ،

بولمىغانىكەن ئېھتىيات تەدبىرلىرى .
چۈنكى نە ھاجەت ئۇرۇش دەپ ئويلىغان ،
باشقىلارنى ھەم ئۆزىدەك چاغلىغان .
دەل شۇ چاغدا يانىدۇرۇپ دەھشەت ئالاۋ
باستۇرۇپ كىرگەچكە ئەلگە ۋەھشىي ياۋ ،
ئاندا يانغىن ، مۇندا قىرغىن – قەتلىئام
ھەم تالان – تاراج بىلەن خامان تامام .
ياۋ كېزەر پىتراپ گويا چېكەتكىدەك ،
يەر – جاھاننى توزۇتۇپ يەپ كەتكۈدەك ،
قارشىلىق كۆرسەتسىمۇ يۇرت ئەرلىرى ،
كۆپ ئىكەن ھەم زور ئىكەن ياۋ لەشكىرى .
ئاخىرى شەھىرى قەمەر بوپتۇ قامال ،
ھەم قامالدىن يوق ئىكەن ئۆزگە ئامال .
گەرچە خانغا كەتسىمۇ دەرھال چاپار ،
يول يىراق ، تاغلار ئېگىز ، قاچان بارار ؟
بەختىگە قورغان تېمى بەكمۇ ئېگىز ،
تاش بىلەن پۇختا سېلىنغان دەخلىسىز ،
ياۋ كىرەلمەي قاپتۇ سىرتتا خېلى كۈن ،
تۇمشۇقى تاغقا تېگىپ ، ھالى زەبۇن ،
قىلسىمۇ ياۋ كۆپ ھۇجۇم دەھشەت بىلەن ،
قايتۇرار قورغان ئۇنى شىددەت بىلەن .
چۈنكى ئەمدى ئويغىنىپ شەھىرى قەمەر ،
ياش – قېرى ، ئەرۇ ئايال باغلاپ كەمەر ،
قوغدىماققا يۇرتنى يادلاپ قەسەم ،
ھەممىسى قويغان ئىدى دادىل قەدەم .

قىلسىمۇ شۇنچە جاسارەتلەر ، بىراق ،
تەس ئىدى ياۋنى بوسۇغىدىن قوغلىماق .
چۈنكى ياۋنىڭ سىپىدە بىر پەھلىۋان –
بار ئىدى ، خۇددى بىر غالجىر قاۋان .
ھېچ كىشى بەرداش بېرەلمەي زەربىگە ،
" خەپ سىنى " دەپ ئاستا قايتار كەينىگە .
قانچىلارنى شۇ قاۋان قىلغاچ ھالاك ،
ئەھلى قورغان ياقىسى كۆپ بولدى چاك .
ئۇ ئىدى شۇ بايىقى ئازغىن نادان ،
ئۇ نادان كىم ، بايىقى خائىن يۈھان
خەلق ئۇنى دەرھال تونالماي نەچچە كۈن ،
شۇ يۈسۈن ئۇ ئەلگە ساپتۇ قارا كۈن .
ئاخىرىدا بەزىلەر يەتكەچ تونۇپ ،
قارغىشىپتۇ تۈشمۇ تۈش لەنەت ئوقۇپ .
بەزىلەر " ئەمەستۇ دەپ " تالاشقۇدەك ،
بەزىلەر ئانىغا يات قاراشقۇدەك .

8

بىر كۈنى قورغان بېشىدا بەند ئانا ،
جەڭ ئىشىغا جان بىلەن پەيۋەنت ئانا .
بىر قاراپ مەيدان ئارا ھاڭ – تاڭ بولۇپ ،
ھېچ ئىشەنمەي كۆزىگە ھەيران بولۇپ ،
توۋا دەپ تۈتۈپ ياقا غەزەپ بىلەن
ئاھ ئۇرۇپتۇ مىسلى يوق بىر دەرد بىلەن :
" ۋاي ئىست ، نېمدەپ سېنى تۇغقاندىمەن !؟

نېمەدەپ ئاق سۈت بېرىپ باققاندىمەن !؟
شۈمدى سەندىن يېتەر ئەلگە ۋاپا ؟
بالىمەس ، بولدۇڭغۇ يۇرتقا بىر بالا !"
دەپتۇ ـ دە ، ئوتتەك يېنىپ غەمكىن كۆزى ،
تاشقىرى چىققان ئىمىش تەنھا ئۆزى .

قولدا تىغ ، ئات ئوينىتىپ تۇرغان قاۋان
تونۇۇغاچ ھەم ئانىنى كۆرگەن ھامان ،
ئېتىدىن دەرھال چۈشۈپ، رەڭگى ئۆچۈپ ،
يۈگۈرۈپتۇ ئالدىغا ئوقتەك ئۇچۇپ .
كەپتۇ ـ دە ، قۇچاق ئېچىپتۇ ئانىغا ،
تاش كەبى قاتقان ئىكەن لېكىن ئانا .
ئانىنىڭ ئۆتكۈر نىگاھى نەيزىدەك ـ
سانجىلىپ تۇرغاچقا كۆزگە يەكمۇ يەك ،
تىزلىنىپتۇ ئاخىرى ئۇ شۇم قاۋان
تىترە ـ تىترە بار ۋۇجۇدى ، باش تۆۋەن .
شۇ مىنۇت جىم بوپتۇ بارچە يەر ـ جاھان ،
نە جاھان ، جىم بوپتۇ ھەتتا ئاسمان .
مۇندا قورغان ئەھلى جىم ھەيرەت بىلەن ،
ئاندا دۈشمەن تىترىشەر دەھشەت بىلەن .
شۇ سۈكۈنات ئىچرە ئۇ قەيسەر ئانا
بۇرچىنى نومۇس بىلەن ئەيلەپ ئادا ،
تىغ ئۇرۇپتۇ ياۋغا قايناپ نەپرىتى ،
دۈم چۈشۈپتۇ شۇ زامان ئۇ لەنتى .
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ئىش بوپتۇ تامام ،
ياش تۆكۈپتۇ ئانا ھەم تارام ـ تارام .

نە ئۈچۈن ياش تۆككىنىن بىلمەس ئىكەن ،
كۆز يېشىنى ئۆزىمۇ سەزمەس ئىكەن .
بىر چىگىش تۈيغۇ بىلەن بىھوش كەبى
يادىغا ھېچ نەرسىمۇ كەلمەس ئىكەن .
دەل شۇ چاغ ۋولقان كەبى پارتلاپ شەھەر
ئېتىلىپتۇ ياۋغا قارشى سەرمۇ سەر .
ئانىمۇ شەمشەر بىلەن جەڭگە كىرىپ ،
ئەل بىلەن ئالغا مېڭىپتۇ سەپ يېرىپ .
پىترىشىپ ياۋ ھەر قاياققا ئۆرۈنار ،
خۇددى بىر باشسىز يىلاندەك تولغىنار .
باستۇرۇپ قوغلار ئۇنى تاشقىن قىيان ،
ياۋ قاچار پىتراپ پەرىشان ھەر تامان .

خاتىمە

سۆز تامام بولدى مانا ، چۆچەك تامام ،
ئەمدى نە ھاجەت ئىزاھات ، ۋەسسالام .
ھەر كىشى قىلسا تەپەككۇرنى ھەۋەس ،
بۇ جاھاندا ھېچنەرسە سىر ئەمەس .
جان نېمە ، جانان نېمە ، ۋەتەن نېمە ؟
ھەر كىشىنى ئادىمى ئەتكەن نېمە ؟
يانمىسا كۆڭۈل ئۆيىدە بىر چىراغ ،
گۆش – تېرە ، سۆڭەك بىلەن بۇ تەن نېمە ؟
شول ئېرۇر بۇ چۆچىكىمنىڭ خاتىمى ،
مەنىسىگە يەتسە گەر ھەر ئادىمى .

# ئانا

(داستان)

ئابدۇلباست ئابدۇراخمان

ئانا جەنۇبتىكى يىراق يېزىغا
بويۇن قىسىپ بارغاندا خېتىم,
پىشىۋاتقان يوبداننى قويۇپ
ئالغانسە ھە!
توپا چىراي پوچتالىيوندىن.
ئانا,
ھېلىھەم ئىسىمدە،
مېنى يۈدۈپ جىگدىلىكلەردە،
ئوتۇن تېرەتتىڭ.
يۈرەككە ئوخشاش قىزىل چوغ ئىچىدە،
ماڭا كۆمەچ كۆمۈپ بېرەتتىڭ.
قەدىرلىك ئانا،
سېغىنسام سېنى،
خەت يازىمەن يىرتىق قەلبىمگە.

http: //ilkitap. blogbus. com

ياشنىپ قالدىڭ،

ئۆيدە دەم ئالغىن،

كۆپ ئويلىما شائىر ئوغلۇڭنى،

گەرچە شېئىرغا نان كەلمىسمۇ،

تەقدىرىمگە كۆپ دۇئا قىلغىن.

ئانا،

يىرتىق چاپان, كىرلاش رومىلىڭ،

يېرىق تاپان،قوتۇر قوللىرىڭ.

دېمىدىڭمۇ ئاغرىق دۇنياغا،

قاپاقتىكى ئاشقان سۆلىرىڭ.

ئاھ! بىچارىمەن،

قىيامەتتەك سەھرادا قالدىڭ.

ئىچىمدە بىر دەردلىك ئاچچىق بار:

تەلمۈرگەندە بىچارە خېتىم،

بىلەلمەيسەن بۇقۇلدىشىنى،

تۆتۈپ تۇرۇپ كۆزىڭگە سۇرتۇپ،

ئەسلىگەنسەن ساددا تارىخنى،

سېيىت نوچىنى،

ھەمدە ئۇنىڭ ھالاكىتىنى،

ئاھ! نادانلىق ئاھ !ساۋاتسىزلىق.

تۇن قوينىغا يېزىقلىق خېتىم .

شۇ تاپتا،

ئوما ئورۇپ چارچاپ كەتكەنسەن،

ئىسسىقتا ھەم چاڭقاپ كەتكەنسەن.

سۇ بېرەتتىم

يېنىڭدا بولسام،

ئوما ئورۇپ بېرەتتىم يەنە،

قەلەم تۇتقان قوللىرىم بىلەن.

ئانا،

توقۇمى ھەم لىڭگىلچىقى بار

ئېشىكىمىز ھازىرمۇ بارمۇ؟

توقۇنقى، ئاغامچىسى بار

يارىيار ھارۋا ھازىرمۇ بارمۇ؟!

چا قۇيرۇقلىق ئۇرۇق ئۆكۆزنىڭ-

ئۆلىشىگە سەۋەپچى بولغان

قاراڭغۇ ھەم زەي جۇۋازخانا

ھېلىھەم بارمۇ؟

بۇۋام ئۆلۈپ كېتىش بىلەن تەڭ

توختاپ قالغان غىچىرلىشىمۇ.

ئاھ قەدىرلىك جانىجان ئانا،

ئۇغۇ

مەسچىت ئەمەس،چىركاۋمۇ ئەمەس،

خانقا ئەمەس يا تۆنەك خانا،

ۋە ياكى بىر تەجرىبخانا.

بۇ يۇرتتىغۇ يوق موزېيخانا،

ئۇ پەقەتلا بىر جۇۋازخانا.

قاراڭغۇلۇق بەخشەندە ئاڭا.

ياغ پۇرايدۇ ئەرۋاھلار ئۈندىن،

ئۆمۈچۈكلەر سايلام ئۆتكۈزەر.

ئۇنىڭ كىچىك توڭلۇكچىسىدىن

كۆرىنىدۇ تارىم غۇۋا.

>>ئوھ <<دەۋالغىن بىچارە ئانا،

ھېرىپ كەتتىڭ ئېغىر ئەمگەكتىن.

3

ئانا،

تېلفۇن قىلسام يىراق شەھەردىن،

ئۇلانمايدۇ بىزنىڭ سەھراغا.

ئۇماچ چالغۇچ تۇتقان قولۇڭدا

تىڭشىغۇچنى تۇتالمايسەن،

ئەتجەخ خەتتىن باشقىسى بىكار،

http://ilkitap.blogbus.com

لىپاپىدەك يىپپىق سەھراغا.

نۇر دەۋرىدە جانجان ئانا،

جىنچىراق بار مورا بېشىدا.

يىراق كۆلدىن سەھرا قىزلىرى

شۇ توشۇيدۇ يۇدۇپ قاپاقتا.

ئانا، سەنمۇ ياشلىق چېغىڭنى

ئۆتكۈزەتتىڭ

مۇشۇ سىياقتا.

پۈتكۈل دۇنيا باردۇر قاپاقتا.

ياكى دۇنيا ئاشۇ بىر قاپاق.

پۈراق چاچار بىزنىڭ سىپسىق كۆل،

پاقىلارنىڭ كەڭرى دۇنياسى.

* * * *

ياماق بولماس كونا رومىلىڭ،

كالىچىڭدەك يىرتىق قەلبىمگە.

جۇل كۆڭلىكنىڭ كەبى نامراتلىق

دەرد قوشىدۇ ھەسرەتلىرىمگە.

* * * *

ئانا،

سەن بىلىسەن،

بىزنىڭ سەھراغا

راغرا ناندەك مىسكىن قويىاشنىڭ

چېچىلىدۇ سېرىقتال نۇرى،

كىسەلمەندەك دۇمچەك دالىغا.

دالىدىكى ئىشتانسىز بالا،

يۈدۈۋېلىپ يوغان زاغرىنى،

پادا ھەيدەر يىراق جاڭگالغا.

ئاشۇ جاڭگالدا

ئاق جۇۋىلىق خىزىرمۇ بارمىش،

غايىپ بولغان شەھەرمۇ بارمىش،

بەكمۇ يىرتقۇچ ئېيىقمۇ بارمىش،

دۆۋە - دۆۋە قۇملۇقلار ئارا،

بۇرۇنلاردا

بەكمۇ قانلىق جەڭلەر بولغانمىش،

مۇمام شۇنداق

دەپ بەرگەن ماڭا.

4

بەكمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ ساڭا،
http://ilkitap.blogbus.com

كۆزلىرىمدىن يىغا تارايدۇ...

* * *

ئۇرۇق بىلەن تاھارەت ئالساڭ،

پاكلىنىدۇ بىزنىڭ قەلبىمىز،

پاكلىنىدۇ پۈتكۈل سەھرا

پاكلىنىدۇ پۈتكۈل يەر شارى،

خۇددى مەككىدەك.

يەتتە قېتىم يۈدۈپ بارارمەن،

سېنى ئاشۇ يىراق مەككىگە،

تارتقان شۇ جاپالىرىڭغا.

مەككە -

دەرەخسىز ماكان،

لەيلەپ يۈرەر نېفىت ئۈستىدە.

بىزنىڭ سەھرا ئۇخشىماس ئاڭا،

بەكمۇ ئىللىق بۇ تەكلىماكان.

* * *

ئانا،

http://ilkitap.blogbus.com

بىزنىڭ سەھرادا

تىنچ ئوكياندەك  يوغان دېڭىز يوق.

نىل دەرياسى كېلەلمەس ئېقىپ.

پەقەت كىچىك بىرلا ئۆستەڭ  بار،

مەختۇمسۇلا چېچىنى تارىغان.

جاڭگالمۇ بار بەكمۇ بىپايان،

چىن تۆمۈر  باتۇر ئوۋ ئوۋلايدىغان.

يەتتە باشلىق يالماۋۇزمۇ بار،

مەختۇمسۇلانى بولاپ ئېلىپ  قاچقان،

تاپىنىدىن قان شۈرايدىغان.

جاڭگالدىكى قۇمۇشلۇقلاردا

نۇزۇگۇمنىڭ  ئاياغ ئىزى بار.

* * *

ئانا،

غۇربەتچىلىك بۇندا  ھۆكۈمران،

قوناق يېرىپ ياغۇنچىقىڭدا،

كۆك چامغۇرنى قولاقلاپ سېلىپ،

ئېتىپ  بىرەتتىڭ ياما ئاش بىزگە.

قۇيۇپ بېرەتتىڭ ئۆپكە ھېسىپمۇ،

http://ilkitap.blogbus.com

يەيتتۇق بىز كېكىرىپ تۇرۇپ،

ھېيىت بولغاندەك خۇشاللىق بىلەن.

5

ئانا،

چەكتىنك رىيازەت،

بۇبى مەريەمدەك.

بولالمىدى بۇ شائىر ئوغلۇڭ،

ئەيسادەك.

كرېستمۇ يوق قۇملۇقتا،

مەن مىخلانغۇدەك،

كۆپ يىللار مابەينىدە

قىلىپ كەلدىم شائىر تىلاۋەت،

بۇقۇسىنىڭ دوقمال تىغىدەك.

ئەيسا قاچتى سۈزۈك ئاسمانغا،

مەن قاچايمۇ تەكلىماكانغا.

شۇندا يەنە

قوغلاپ بارسا رودىپاي شېئىرلار،

تۇتۇپ قويار مېنى نامراتلىق.

مەن ياتارمەن چاكىلدىتىپ ئاغزىمنى،

http://ilkitap.blogbus.com

يۇنۇسنى يۇتقان يوغان بېلىقتەك.

دەشت چۆلدە سەكراتتا ياتسام،

يۇدۇپ كېلىپ بىر كوزا سۇنى.

تىمتامسەن چاكا- چاك ئاغزىمغا،

ئاشۇ پۇچۇق نوگىيلك بىلەن.

قان - ياش يىغلايسەن،

ياقاڭنى يىرتىپ،

ئەگەر مەن ئۆلۈپ ئارماندا كەتسەم.

ئېڭىكىنىمنى قاتارسەن بەلكىم،

ئۆڭۈپ كەتكەن ئاق رومىلىڭدا.

يۇمدۇرارسەن كۆزۈمنى بەلكىم،

ئاشۇ يىرىك ئىشچان قولۇڭدا.

پەرياد ئوروپ سەنلا يىغلايسەن.

يىغلىمايدۇ بىۋاپا دۇنيا.

ئاران باققان چۈنكى سەن مېنى،

بۇلىماق ئېتىپ تېرىق ئۇنىدا.

ئۆزەڭ يىگەن قورۇپ كېپەكنى،

ماڭا چاي بېرىپ زاغرا نېنىدا.

قالاپ قومۇش، پاخال كېپەكنى.

يىغلىما ئانا،

هايات مەن تېخى،

ئەيسامۇ هايات بارمىش ئاسماندا

http://ilkitap.blogbus.com

مەنمۇ ھايات تەكلىماكاندا.

6

ئانا

ئەللەي ناخشاڭدا

تەسۋىرلىنىدۇ.

خارابى يىپەك يولىنىڭ،

مىڭ ئۆيىنىڭ،

قوچۇنىڭ،

قارا خانىيلارنىڭ،

يىپەك يولى،

بەكمۇ ئۇزۇن يول،

خۇددى بىزنىڭ تارىخىمىزدەك.

جىرىڭلىغان مۇشۇ يولدا،

بۇغرالارنىڭ قوڭغۇراقلىرى.

تارقاتقانتى يىراق - يىراققا،

مەدەنىيەتنىڭ جەۋھەرلىرىنى.

ئەمدىلىكتە،

ئاھ! جېنىم ئانا،

مۇشۇ يولدا ھەيدەپ كېلىسەن،

كالا قىتىلغان يارىيار ھارۋىنى،

كۆك يانتاق بېسىك.

ئانا،

ئېيتىپ بېرەتتىڭ،

باغدات ھەققىدە،

<مىڭ بىر كېچە> چۆچەكلىرىدىن.

تىڭشار ئىدى گۈدەك شائىرىڭ،

ئاق سۈتۈڭنىڭ لەززىتى كەبى.

باغدات،

چۆچەكتىكى گۈزەل بىر شەھەر.

داۋامى بار غەمكىن چۆچەكنىڭ،

تۈگىتەلمەي كەتكەن شەھرىزاد،

ئەمدىلىكتە،

باغداتتىكى چۆچەكچى موماي،

چۆچەك ئېيتار يىغىدىن يىغى،

يېزىپ قويىدى بىر نەچچە توپلام.

ئۈرۈش بىلەن پارس قولتۇقى،

قاغجىرايدۇ سۈسىز كەر بالا.

زەر قاقشايدۇ بالىسىز ئانا.

يۈگۈرەيدۇ ئۈياق بۇياققا،

يېتىم قالغان نەچچە مىڭ بالا،

باغداتتىكى كاتتا باشلارنىڭ

چۆچەك بىلەن خۇشى يوق بەلكىم.

قان ياش يىغلاپ چۆچەكچى موماي،

ئىزدەپ يۈرەر ھەسەن- ھۆسەنلەرنىدەك-

غايىپ بولغان باللىرىنى،

چۆچەكتىكى گۈزەل باغداتنى،

ئىس - تۈتەكتە قالغان زېمىندىن،

ئېھ! قايدىسەن ئىنسانپەرۋەرلىك،

بولۇپ كەتتىڭغۇ دۇنيا بىۋاپا.

باغدات،

بۇرۇخ ئىسى قاپلىغان زېمىن،

سۆزلەپ بەرگىن تىنچلىق ھەققىدە،

قايتالمايسەن ئەمدى چۆچەككە.

* * *

ئانا

بەكمۇ چىگىش

بۇ قەلبىم مېنىڭ،

كىرىزىستەن ئۆتتۈرا شەرقنىڭ،

پەلەستىنلىك بىر بەگباش يىگىت،

ئانىسىنى يالغۇز قالدۇرۇپ،

http://ilkitap.blogbus.com

ئۇرۇشقا بېرىپ

ئۆلۈپ كېتىپتۇ،

نېمىدىگەن تاش يۈرەك ئۇ ھە،

يىغلىغاندۇ غېرىپ ئانىسى،

ئۆلۈپ كەتسە يۈرەك پارىسى.

مىڭلاپ ئانا قان ياش يىغلىشار،

ئۆلۈپ كەتكەن باللىرىغا،

ئۇرۇش دېگەن شۇنداق دەھشەتلىك.

* * *

ئانا

ئانا ئۈچۈن ۋەتەن بىر بالا،

بالا ئۈچۈن ۋەتەن بىر ئانا،

شۇڭا دەيمىز تىنچلىق ياخشى.

ھەر كىشىنىڭ ۋەتى بولسا،

ئۇنى شۇنداق قوغدىلاپ سۆيسە،

ئەنە شۇدۇر تىنچلىق دېگەن،

ئەنە شۇدۇر قۇربان بېرىش ھەم،

ئەنە شۇدۇر ۋىجدان دېگەن،

شۇدۇر يەنە ۋەتەن ئوغلانى.

ۋەتەن،

http://ilkitap.blogbus.com

ئانا سېنىڭ ياخشى غەمخانىڭ،

ۋەتەن بىلەن تەندە دەرمانىڭ،

مەن سېنىڭكى ئوماق ۋەتىنىڭ،

مەن ئوخشايمەن

چۆچەكلەرگە ئۈيغۇرنىڭ،

سەن ئىزدەيسەن چۆچەكلىرىڭدىن،

ماڭا ئوخشاش ئوماق ۋەتەننى.

ۋەتەن،

كىرپىكىڭگە تۈنەيدۇ،

قۇش چۈجىسىدەك.

8

ئانا،

ناماز شامنى ئوقۇپ بولۇپلا،

چىك تاقىغىن ئىشىكلىرىڭنى،

يوغان دەم بىلەن.

ھۇشيار بولغىن قوتانلىرىڭغا،

ئېشەك هارۋا، توقۇملىرىڭغا،

پالتا،كەكە،ئوتۇنلىرىڭغا،

ئۆشكە، ئوغلاق، پاخلانلىرىڭغا.

http://ilkitap.blogbus.com

بىزنىڭ يۇرتتا يوقتۇر ئوغرىلىق،

بىراق يامان ئاشۇ يوقسۇزلۇق.

ئەگەر بىرەر دېلو يۈز بەرسە،

ساقچى كېلەر بەكمۇ كېچىكىپ.

>تۇۋا <دەيلى،

ئاھ! يوقسۇزلۇق كۆمەچ نان كەبي،

يۇرىكىمنى پۇچىلاپ قويدى.

ئاغرىپ قېلىش بەكمۇ خەتەرلىك،

يېقىن جاندا شىپاخانا يوق،

پەقەت بىرلا كونا داخان بار،

دۈس قاچىسى بەكمۇ كۆپ،

داۋالايدۇ دىئاگنوزسىز،

رېتسىپى يوق دورىلار بىلەن.

* * *

ئانا،

تەكلىماكان-

بەكمۇ يىراق ئىگىز بىنادىن،

بەكمۇ يىراق شەھەرلىكلەردىن.

ئەگىپ يۈرەر قاتمال نامراتلىق،

http: //ilkitap. blogbus. com

شادلىقى يوق توپىلىق بازاردىن.
تېلېۋىزوردىن كۆرۈنمەس ئەسلا،
لەڭپۇڭچىنىڭ ئەبجەق ھارۋىسى،
توقسەن ياشلىق دوڭغاق مۇمايىنىڭ،
جىگدە شېخىدا ئەتكەن ھاسىسى.
يۈزلىرىگە ئىس ئورناپ كەتكەن
كاۋابچىنىڭ چار قىراشلىرى،
غېرىبانە پۇلسىز بازاردا،
دۆۋىلىنىپ سېتىلار ئادەم،
خۇپىيانە سېتىلار ئىمان.
چېرىدارسىز ساۋاتسىز باققال
باج ھەققىگە پۇل تاپالمىسا،
قىلىندۇ مېلى مۇسادىر.
خىلۋەتتىكى ياماقچى بوۋاي،
چەم سالىدۇ كونا ئۆتۈككە،
يارىمايدۇ فۇتۇ سۈرەتكە.
بۇياقلارغا كەلمەيدۇ ھېچبىر،
بوپكىسىدا راست ـ يالغىنى بار،
بەك سىپايە ئىشقىۋاز مۇخبىر.

* * *

ئانا،

بىزنىڭ يۇرتتا ـ تەكلىماكاندا،

ھالسىرايدۇ قوشتىكى كالا،

قىرقىرايدۇ بۆشۈكتە بالا.

بېتىرىشىدۇ تەرەپ ـ تەرەپكە،

غالجىر ئىتتىن ھۆركىگەن پادا.

قورۇنىدۇ شۇنچە ئۇياتچان

قىز بالىدەك يۈرەكسىز دالا.

بۇ دالىدا ئادەم بەك تولا.

غىچىرلايدۇ توپىلىق يولدا،

مايسىرىغان ياغاچ ھارۋا.

ئىشتان بېغى ساڭگىلاپ قالغان

تىزى يىرتىق يېلىڭ ئاياغ بالا

يۈدىۋېلىپ كونا پوخچىنى،

ئۇقۇماقتا مۇشۇ سەھرادا،

مومىسىنىڭ چۆچەكلىرىنى

ئۇ تىڭشايدۇ كولۇپ ئالدىدا.

تىڭشاپ ـ تىڭشاپ ئۇخلاپ قالغاندا،

كۆرەر تېخى شىرىن چۈشلەرنى.

چىقىۋېلىپ ئۇچار گىلەمگە،

كۆرۈپ كېلەر گۈزەل شەھەرنى،

http://ilkitap.blogbus.com

تېپىۋالار گاھىدا تېخى،

خاسيەتلىك> ئور توقماق<نىمۇ،

ئۇچراپ قېلىپ چىن تۆمۈر باتۇر،

بېرەر ئاڭا> مىسران قىلىچ<نى

**9**

ئانا,

سېيت نوچى ھەققىدە ،

بەكمۇ تولا سۆزلەپ بېرىسەن،

ئەپسۇس, بىلمەيسەن,

سپارتاك ھەققىدە.

سپارتاك،

گىلادىياتور،

ئاجايىپ شەخس.

قوللۇق كىشەنلىرىنى-

چېقىپ تاشلىغان.

ئېزىلگەنلەرنى

ھۆرلۈككە باشلىغان.

قۇلدارلارنىڭ قانلىق قامچىسى،

قۇللارنىڭ قىزىل قانلىرى،

http://ilkitap.blogbus.com

ئەڭ ۋەھشي گىلادىياتورلار سەھنىسى،

سپارتاكنى تاۋلىغان،

قان، قامچا، ياش، ھۆرلۈك ناخشىسى،

ئازاب، ئۆلۈم ياندىشىپ كېلەر،

ئەرك ئۈچۈن بەدەلدۇر شۇلار.

ئاھ! جېنىم ئانا،

بويۇن قىسىپ قۇللۇق بىلدۇرسە،

ئۆتمۈشتە كىممۇ ئەزىمگەن دەيسە.

روھي قوللۇق ئەڭ بىچارىلىق،

نادانلىقتۇر ئۇنىڭ زەنجىرى،

سپارتاك-

ئاجايىپ شەخس،

ئوخشمايدۇ

سىپىت نوچىغا.

* * *

ئانا،

تەكلىماكان-

جايىنامىزىڭدەك ئۇلۇغ بىر زېمىن.

سۆكۈناتتا دۇرۇت ئوقۇيدۇ،

ئۇنىڭدىكى بارچە مەخلۇقات.

قۇم باغرىدا سىنىڭ بىر كەپەڭ،

كەپەڭدە بار قازان- قۇمۇچۇڭ،

http://ilkitap.blogbus.com

ساپال قاچالڭ، ياغاچ قوشۇقۇڭ،
ئىسلىق مورا، قىيسىق ئوچۇقۇڭ،
مورا بېشىدا ساپال چىرىغىڭ،
ساڭا ھەمرا بىر ياغۇنچىقىڭ،
سۇپۇراڭدا تاختا- نوغۇچىڭ،
سۆيۈملۈكىڭ يۇۋاش مۈشۈكىڭ،
بىزنى باققان كونا بۆشۈكىڭ،
ئۆڭۈپ كەتكەن يوغان ئۆتۈكىڭ،
قوزۇقتىكى كۆرپە تۇمىقىڭ،
ئوچاقتىكى قارا چۆگۈنىڭ.
تەكچەڭدىكى بىرلا چەينىكىڭ،
ئاھ!
غېرىپ ئانا-
شۇدۇر سېنىڭ تۇرمۇش بويۇمىڭ.
دوك بولۇپ كەتكەن ئۇزۇن ئۆمرۈڭدە
شۇدۇر سېنىڭ تاپقان - تەرگىنىڭ.
ئويىقىدىكى كىرورەن خانىش
كۆرگەنمىدۇ سېنى چۈشىدە.

* * *

ئانا،

توكيو بەكمۇ يىراقتا تەكلىماكاندىن.

ئۇ- يالاڭباش شەھەر،

ئوخشمايدۇ چىمەن دوپپىدەك

ساددا قەشقەرگە.

تۆت مىڭ يىللىق كىرورەن خانىش

توكيودىكى ئېسىل مۇزېيىدا

تونۇشۇپ قاپتۇ ياپونلار بىلەن.

نىيەدىكى خارابە شەھەر-

قۇم ئاستىدا قاپتىكەن ئەجەپ!

تارىخ،

شۇنداق رەھىمسىز.

ئۇنىڭ يوغان،كالامپاي چاقى،

يانچىۋەتتى يىپەك يولىنى،

بوستانلىقنى، گۈزەل شەھەرنى،

تىنچ چۆلنى - تەكلىماكانى.

10

ئانا،

ئانىلار ئۇلۇغ بۇيى مەريەمدەك،

http://ilkitap.blogbus.com

ئانىلار بار ساچىر خانىمدەك،

ئۇلۇغ ئۇلگە كىيورى خانىم،

ئانىسى  بار نىيوتوننىڭمۇ،

ھەممە ئىنسان بالىدۇر بالا،

بالىسىدۇر ھاۋا  ئانىنىڭ.

ھاۋا ئانا ئەمگەك قوينىدا

تۇغۇپ قويدى ھەممە ئىنساننى،

>مانا  مەن  >دەپ جاپا- مۇشەققەت،

تاشلىنىدۇ ئانا ئالدىغا.

ئانا،

ساچىر  خانىمنىڭ-

بەكمۇ ئېسىل داچىسى بارمىش،

سېنىڭمۇ بار داچىدەك كەپەڭ.

بارمىش  يەنە شاھزادە ئوغلى،

سېنىڭمۇ بار بىر شائىر ئوغلۇڭ،

ساچىر خانىممۇ ئۆزىگە  خانىش،

سەن خانىشى تەكلىماكاننىڭ ،

سېنىڭ ئاناڭ كىرورەن خانىش.

چۈنكى  سەن-

گۈللەندۈردۈڭ مۇشۇ دىيارنى،

تىرىشتىڭ - تىرماشتىڭ بىر  ئۆمۈر،

قاغجىراپ كەتكەن مۇشۇ زېمىندا.

http: //ilkitap . blogbus . com

يالىڭاياغ قىزىق قۇملاردا،
چىپىپ يۈرۈپ يانتاقلىقلاردا.
سىنىڭ تەرىڭدە-
سۇ ئىچكەن زېمىن.
مەن-
سېنىڭ ئەركە، ئوماق شاھزادەڭ.
ئانا،
چۈشكۈنلۈكتە ناخشا توقۇلۇدۇم،
جەنۇبتىكى كونا رەستىدە.
بولماس ئىكەن روھ ئويغانمىسا،
بارغۇ تېخى دوقمال بوقۇسا.
تەرەققىيات-
ئويغىنىش-
چېقىپ تاشلار
ئاخىر نادانلىق زەنجىرىنى.
سىلكىنگەندە مۇقەددەس زېمىن،
تەبىر بېرەر نامراتلار
كەتكىنىدە چۆچۈپ ئويغىنىپ.
ئانا شۇندا مېنى ئىزدەيسەن،
پېشانەمگە سۆيۈپ قويۇشقا
مەن كېلمەن ئالدىڭغا،
يىپپىنچاقلاپ شېئىرلىرىمنى،

سەن كۆرسەن ھەسرەتلىرىمنى،

قۇچىقىڭدا يىغلاپ كېتىمەن،

مەن ئاڭلايمەن،

يۈرىكىڭنىڭ بوقۇلدىشىنى,

يۈرىكىڭ

ھۆتمە تۆشۈك-

جۇل بولۇپ كەتكەن تارىخ بېتىدەك.

ئەللەي ناخشاڭ-

سېھىرلىك بىر كۈي،

قاپلاپ كەتكەن تەكلىماكاننى.

تولا تىڭشاپ ئاشۇ ناخشىنى،

بۇۋاق بولۇپ كەتتۇق ھەممىمىز.

قەدىرلىك ئانا،

مەن سېنىڭكى ئوماق بوۋىقىڭنىڭ.

* * *

ئانا،

چەكسىز بۇ ئالەم،

گۈزەل كېلەچەك،

ئارمانلىرىم كۆپ،

يەتسەم دەيدىغان،

بار ھەم مەندە شۇنداق جاسارەت.

ئافرىقىدا نىگىر ئانىمۇ،

سۆيۈنىدۇ قابىل بالىدىن.

بەكمۇ قەيسەر يەھۇدىي ئانا،

بىلىم بېرەر ئوغلانلىرىغا.

ئەدەپلىكتۇر ئەرەب ئانىلار،

ئەخلاق بېرەر بالىلىرىغا.

بەك مېھرىبان ياپون ئانىلار.

ۋەتەنپەرۋەر دېمەك بالىلار.

ئانا مەنمۇ تىلەيمەن سەندىن،

باتۇرلۇقنى، جەنگىۋارلىقنى،

دۇئا قىلغىن بەكمۇ كۆپ ماڭا،

ماڭا بەرگىن ئۈمىدۋارلىقنى،

ئىمانىمنى - روھىمنى پاكلاپ

جاكا قىلاي ئادەملىكىمنى.

ئاھ! جېنىم ئانا

ئامان بول ئانا

مەن سېنىڭ ئۈمىدۋار ئوغلۇڭ

# ئانا

بۇغدا ئابدۇللا

توقسانغا ئۇلاشتى ،

كۆزى خىرەلەشتى.

تونۇمايدۇ گاھىدا سېنى ،

سېنى چاقىرماقچى بولۇپ ،

چاقىرىدۇ باشقا بىرىنى ،

باشقا بىرىنى چاقىرغاندەك.

توقسان ياز ،

توقسان كۈز ،

توقسان قىش ،

توقسان ئەتىياز ،

ئۆتۈپ كەتتى

ماڭلىيىغا ئىز سېلىپ ،

ئۆتۈپ كەتتى سۇدەك

ئەمدى ،

تېتىكلىكى يوق

بۇرۇنقىدەك.

كۆرپىدە ياتار ،

ئىشىككە قارار.

سەن كەلمىسەڭ بىر كۈن

كۆڭلى يېرىم بولار ،

كۆزگە ياش ئالار ،

كىچىك بالىدەك.

ھەي!

جاھاننى ياشاپ تۈگىتىپ قويىدى ،

ئەمدى مېھماندەك!

كۆڭۈل نازۇك نەرسە ،

كۆتۈرەلمەس گەپنى

سۇ - مىسقال تۆمۈرنى كۆتۈرەلمىگەندەك.

شۇڭا

تاشلىما ئۇنى ،

ئۇنتۇما ئۇنى.

يوقلا!

تاتلىق بىلەن!

ئاچچىق - چۈچۈك بىلەن!

ھالداش ،

مۇڭداش ،

ئوغلى بولمىسا ئوغلى بول!

قىزى بولمىسا قىزى بول!

يۆيۈپ قوي ،

http://ilkitap.blogbus.com

چاچلىرىنى تاراپ قوي.

دۇمبىسىنى سىلاپ قوي ،

پۇتىنى تۇتۇپ قوي ،

شۇنداق قىلساڭمۇ

بىر كېچە بەرگەن سۈتى ھەققىنى

تۆلىيەلمەيسەن ،

بولۇپ پايپېتەك!

ئۇ بولمىسا

سەن قېنى ؟!

مەن قېنى ؟!

توققۇز ئاي

توققۇز كۈن

توققۇز سائەت

توققۇز دەقىقە

كۆتۈرگەن بىزنى قورسىقىدا.

ئاش ئېتىپ ،

نان يېقىپ

كىر يۇيۇپ.....

يول يۈرۈپ ،

جاھان لەرزىگە كەلگەن تولغىقىدا.....

چاقماق چاقچاندەك بوران گۈركىرىگەندەك!

بىز

http://ilkitap.blogbus.com

ئۈنىڭ بەختى،

ئارزۇسى ئىدۇق.

بۇگۈنى ،

ئەتىسى ئىدۇق.

بىز!

ئۇنىڭ قايتا تۇغۇلۇشى ئىدۇق.

ئوغۇل بولۇپ ،

قىز بولۇپ ،

بىز!

ئۇنىڭغا ئوخشىدۇق ؛

كۆزىمىز ئوخشار ،

قېشىمىز ئوخشار ،

بۇرنىمىز ئوخشار ،

ئاغزىمىز ئوخشار ،

گۈل ـ گۈلگە ئوخشىغاندەك.

كۆز نۇرىمىز ،

قارا چېچىمىز ،

قېنىمىز

ئۇنىڭ ئىدى ، ئۇنىڭ....

خۇددى سۇنىڭ بېشى بولغىنىدەك.

ئىنسان

ھەم ئەقىللىق بولار ،

http://ilkitap.blogbus.com

ھەم نادان.

كۆيەر بالىسىغا كۆيمەس ئانىسىغا ،

ئانا كۆيەر بالىسىغىلا.

سېنى ئاسماندا ئۇچسا دەيدۇ ،

دېڭىزغا شۇڭغۇسا دەيدۇ.

تۆھپەڭنى كۆرۈشنى تىلەيدۇ

شەيخ جايناماز دا تىلىگەندەك.

تاپسا

بىر تال كەمپۈت ،

بىر تال ئالما ،

گېلىدىن ئۆتمەس ،

يالغۇز يېگۈسى كەلمەس

سېنى ئورۇقلاپ قالمىسۇن دەيدۇ ،

كەپتەر باچكىسىنى ئاسرىغاندەك.

توقسانغا ئۇلاشتى ،

قۇلىقى ئېغىرلاشتى ،

چىشى چۈشكەن ،

بېلى ئېگىلگەن ،

بېشى ئاغرىيدۇ

پۇتى سىرقىرايدۇ....

لېكىن ،

تۇرغۇسى كېلەر ،

يۈرگۈسى كېلەر،

ھاسىسىنى تاشلىغۇسى كېلەر ،

يۈرگۈسى كېلەر ياش - قىرانلاردەك.

يەر ئايلىنار ،

ۋاقىت ئۇچار.

بۈگۈننىڭ بوسۇغىسىدا

ئەتە ساقلاپ تۇرار.

شۇنداق

قېرىيدۇ بارچە:

ئادەممۇ ،

دەرەخمۇ

قۇشلارمۇ......

1983- يىل ، فېۋرال

# ئانا

ئابدۇسـەمەت ئابلەت

دۇنيادا شۇنداقمۇ ئانىلار ئۆتكەن
قەلبى پاك، يۈرىكى ۋەتەن دەپ سوقار
يولۋاستەك مەردانە باسقان ئىزنى
ھەر كىملا ئاڭلىسا« ئاپىرىن » ئوقار

مان بۇ «ئانا»①مۇ شۇلار ئۆلگىسى
قەددى بىر گىگانت ، جۈرئىتى ئالەم
بولسىلا قۇچاقلاپ ئۇنداق ئانىنى
سۆيمەيمدۇ قەدىرلەپ ھەممىلا ئادەم

«ئانا» دەك ئانىلار بىزدىمۇ ئۆتكەن
بارىنى ۋەتەنگە ،ئەلگە بىغىشلار
ئۇنىڭغا «رىزۋانگۈل» بولمامدۇ مىسال
ئاڭا كاركەلدىمۇ مۈشكۈل چىلىشلار

ئەنە شۇ رىزۋانگۈل دىمەكتە «ئالغا!»
يىندا سومكىسى، قولىدا قورال
قانچىلىك قارشىلىق قىلسىمۇ ئاڭا

http://ilkitap.blogbus.com

دۈشمەننىڭ توپ كۈچى بولالمىدى دال
رىزۋانگۈل دىمەكتە قىلىپ مۇراجەت
«مىللىتىم ئويغانغىن! غەپلەتكە چۆكمەي
بىز كۈتكەن ئەركىنلىك ، شۇ ھۆر ھايات
كەلمەيدۇ جەڭلەردە قانلارنى تۆكمەي»

رىزۋانگۈل چىقارغان جۇشقۇن سادادىن،
غەزەپلەر ئۆركەشلەپ تەۋرىدى جاھان.
چوڭ-كىچىك بىر نىيەت ئاتلاندى ئالغا!
دەريادەك شارقىراپ تۆكۈلسمۇ قان.

خەلقنىڭ بىرلىكى، كۈچى زور ئىكەن،
ئاخىرى ئېچىلدى «ھەرەمباغ» يولى.
نە بولدى رىزۋانگۈل؟ يىقىلدى يەرگە،
كۈرچۈكنى باسقاندا دۈشمەننىڭ قولى

«ئاھ....رىزۋان» دىدىدە كېلىپ ھەمشىرە،
قولتۇقلاپ يۆلىدى شۇ پاك گەۋدىنى.
مۇشتىنى چىڭ تۈرۈپ ياتاتتى رىزۋان،
قان بىلەن بويالغان ئۇنىڭ بەدىنى.

http://ilkitap.blogbus.com

رىزۋانگۈل ئايرىلدى يورۇق جاھاندىن،
ئايرىلغان جىسمىدۇر، روھىدۇر ھايات.
خەلقنىڭ قەلبىدە ياشايدۇ مەڭگۈ،
روھنى ھەرگىزمۇ باسالمايدۇ دات.

دۇنيادا شۇنداقمۇ ئانىلار ئۆتكەن
قەلبى پاك، يۈرىكى ۋەتەن دەپ سوقار
«ئاپىرىن!» ئۇلارغا،تۈمەن«ئاپىرىن!»
ياشىسۇن شۇ روھى، بولسۇن بىزگە يار.

شۇلاردەك «ئانا» دىن گەر ئېغىز ئېچىپ،
سانىسا سانىنى ،تالاي سانىلار
كۆمۈلمەس ئىزلىرى، باسىدۇ ئەۋلات
خاتىرجەم ياتسۇن شۇ ئەزىز ئانىلار.

1986- يىلى ئاپرىل. غۇلجا

① ئانا - بۇ يەردە ماكسىم گوركىنىڭ «ئانا» رومانىدىكى ئانىنى كۆرسىتىدۇ.

# ئامان بولسۇن

تومۇرۇمدا قېنى ئاققان ، يوللىرىمغا تولا باققان ،
پەرزەنتىنىڭ بەختى ئۈچۈن ئوتتا كۆيۈپ،سۇدا ئاققان،
خۇشاللىقنى بىزگە قويۇپ،جىمى دەردنى يالغۇز تارتقان،
يامانلىقتىن يىراق تۇر دەپ،ياخشىلىقنى كۆيگە قاتقان،
شامۇسەھەر دۇئا بەرگەن جۈپ غەمخانىم ئامان بولسۇن!

گۈل ياشلىقى مىراس قويغان،غەملىرىمدە قەلبى تىلغان،
ئىنساپ - غۇرۇر،پاك سۆيگۈنى ئۆمۈر بويى دەستۇر قىلغان،
چىن ھەقىقەت تېپىش ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز تارتقان پىغان،
چېھرى نۇرلۇق گويا چولپان،قەلبى دېڭىز،مېھرى گۈلخان،
بەختىم تىلەپ ھەققە باققان جۈپ-تۇمارىم ئامان بولسۇن!

مەغرۇرلۇقتا ئەزەل-ئاخىر ئۈچ يىقىلماس يۆلەك تېغىم،
خۇش خۇلقلۇق گويا بۇلبۇل ياشناتقان ھايات بېغىم،
يۆلەك بولغاچ سىلەر ماڭا كۈلدى قەھ-قەھ ئۆسمۈر چېغىم،
مەن شادىمان غۇنچە گويا،سىلەر بولغاچ ئەلۋەك ئېقىم،

http: //ilkitap . blogbus . com

ماڭا مەڭگۈ ئۈچ پاسبان قېرىنداشىم ئامان بولسۇن!

ئۈنۈتمىدىك ئاتا-ئانام ئەجرىنى سەن يېتىلگەندە،
تەۋرەنمىدىك ئەقدەڭدىن بالا-قازا قوش كەلگەندە،
غادايمىدىك باشقىلار ھەم ساڭا قۇلدەك ئېگىلگەندە،
ئۆلگە قىلدىم شۇڭا سېنى ئارزۇلىرىم پۈكۈلگەندە،
مېنى دىلدىن قايىل قىلغان ئۈچ تۇلپارىم ئامان بولسۇن!

بولغاچ قۇياش چىن مېھرىلەر مەنمۇ بولدۇم پورەك -غۇنچە،
دىيار-مىللەت سۆيگۈسى قەلبىم ئارا بولدى ئۈنچە،
بولغاچ قاياش چىن ئىنسانلار بەختىيارمەن بۈگۈن شۇنچە،
ھەق يولىدا چىڭ تۇرارمەن،دىيانەتتىن ئازماي قىلچە،
تىلەيمەنكى مەڭگۈ پەقەت دىل ئىمانىم ئامان بولسۇن!